# 38870 - مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئادەت كۆرۈپ قىلىپ، (جىددىغا بېرىپ) پاكلانغاندىن كېيىن ئۆمرە قىلماقچى بولسا، قايسى جايدىن ئېھرامغا كىرىدۇ؟

## سۇئال

بىر ئايال ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يەمەندىن كەلگەن بولۇپ، مىيقاتقا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئادەت كۆرۈپ قىلىپ، جىددىغا كېتىپ بىر ھەپتە تۇردى، ئەمدى ئۆمرىگە بېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئايال جىددىدىن ئېھرامغا كىرەمدۇ ياكى يەلەمىيەمگە بېرىپ ئېھرامغا كىرىپ كېلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئالللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئېھرامغا كىرىش ۋە نىيەت قىلىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش شەرت قىلىنمايدۇ، ئادەت كۆرۈپ قالغان قىز-خانىملار ئۆمرىگە ياكى ھەجگە ئېھرامغا كىرسە بولاۋىرىدۇ، ھاجىلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ، پەقەت ھەرەمگە كىرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلمايدۇ. بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «ئەسما بىنتى ئۇمەيس زۇلھۇلەيپىدە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى تۇغۇپ نىپاسدار بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئەسمانى يۇيۇنۇپ ئېھرام كىيىشكە بۇيرۇغىن دېدى». [مۇسلىم رىۋايەت قىلغان].

ئادەت كۆرۈپ قالغان ئايال بىلەن نىپاسدار ئايالنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر، ئىلگىرىكى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام « ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئادەت كۆرۈپ قالغاندا ئۇنى ئېھرامغا كىرىپ كەبىنى تاۋاپ قىلماستىن ئۇنىڭدىن باشقا ھاجىلار قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بۇيرىغان» [بۇخارى رىۋايىتى 1516-ھەدىس].

ئەگەر بۇ ئايال ئادەت كۆرۈپ قالغان ۋاقىتتا ئۆمرە قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ مىيقاتتىن ھېچ نەرسىنى نىيەت قىلماستىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، جىددىغا كەلگەندە ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۆزى تۇرۋاتقان جايدىن يەنى جىددىدىن ئېھرامغا كىرىپ ئۆمرىنى نىيەت قىلسا بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىيقاتنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان كىشلەر ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تۇرۋاتقان ئورۇندىن ئېھرامنى نىيەت قىلىدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى 1524-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1181-ھەدىس].

ئەمما مىيقاتقا يېقىنلاشقان ياكى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئىھرامغا كىرمەي ماڭغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا مىيقاتقا قايتىپ ئىھرامغا كىرىشى كېرەك بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلماستىن جىددىدىن ئىھرامغا كىرسە ئۇ ئايالغا بىر قوي جازا كېلىدۇ، ئۇنى مەككىدە ئۆلتۈرۈپ ھەرەمنىڭ كەمبەغەللىرىگە تارقىتىپ بېرىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ھەج ياكى ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ مىيقاتتىن ئىھرامسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشى مەيلى ئىھرامسىز ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى  بىلىپ ئۆتۈپ كەتسۇن ياكى بىلمەي ئۆتۈپ كەتسۇن مۇمكىن بولسا مىيقاتقا قايتىپ ئىھرامغا كىرىشى كېرەك، ئۇنداق قىلسا ئۇ كىشىگە ھېچ قانداق كاپارەت كەلمەيدۇ. بۇ توغرىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق، بۇ سۆزنى ئېيتقۇچىلار: جابىر ئىبنى زەيد، ھەسەن بەسەرىي، سەئىيد ئىبنى جۇبەير، سۇپيان سەۋرىي، ئىمام شاپىئىي ۋە باشقا ئالىملار. چۈنكى ئۇ كىشى ئەسلىدە ئىھرام كىيىشكە بۇيرۇلغان مىيقاتقا قايتىپ ئىھرام كىيگەنلىكى ئۈچۈن خۇددى ئەسلىدە مىيقاتتىن ئۆتۈپ كەتمىگەندەك بولىدۇ ئۇ كىشىگە ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەمما مىيقاتنىڭ ئىچىدىن ئىھرامغا كىرسە ئۇ ۋاقىتتا جازا كېلىدۇ". ["ئەلمۇغنى" 3-توم 115-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.